# ئانام بىر ئايلىق روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلالماي ئۆلۈپ كەتكەن، مەن ئۇنىڭ ئورنىدا ئۇ تۇتالماي قالغان روزىنى تۇتۇپ قويسام بولامدۇ دەپ سورالغاندا، رەسۇلۇللاھ: ئەگەر ئانىڭىزنىڭ قەرزى بولسا تولەمتىڭىز؟ دېگەندە، ئۇ كىشى ھەئە دېدى. رەسۇلۇللاھ: ئاللاھنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىشقا ئۇ تېخىمۇ ھەقلىقدۇر، دېدى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: بىر كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كىلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ! ئانام بىر ئايلىق روزىسىنى تۇتالماي ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى، مەن ئۇنىڭ ئورنىدا روزىسىنى تۇتۇپ قويسام بولامدۇ دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ: ئەگەر ئانىڭىزنىڭ قەرزى بولسا تولەمتىڭىز؟ دېدى، ئۇ كىشى: ھەئە دېدى. رەسۇلۇللاھ: ئاللاھنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىشقا ئۇ تېخىمۇ ھەقلىق دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە بىر ئايال رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كىلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ! ئانام رۇزا تۇتۇشنى نەزىر قىلىپ، ئۇنى تۇتالماي ئۆلۈپ كەتكەن، مەن ئۇنىڭ ئورنىدا روزىسىنى تۇتۇپ قويسام بولامدۇ دەپ سورىۋىدى. رەسۇلۇللاھ: ئەگەر ئانىڭىزنىڭ قەرزى بولسا ئۇنى تولىسىڭىز قەرزى ئادا بولامتى؟ دېۋىدى، ئۇ ئايال: ھەئە دېدى. رەسۇلۇللاھ: ئۇنداقتا ئانىڭىز ئۈچۈن روزا تۇتۇڭ، دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بۇ ھەدىس ئىككى رىۋايەت ئارقىلىق كەلگەن، كۆچلۈك كۆز قاراشلاردا بۇ ئىككىسى ئىككى ۋەقەلىك بولۇپ، بىرىنچىسى: بىر كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كىلىپ، ئانىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، بىر ئايلىق قازا روزىسىنى تۇتالمىغانلىقىنى بايان قىلىپ، ئانىسىنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش ھۆكمىنى سورىغان. ئىككىنچىسى: بىر ئايال رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كىلىپ ئانىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا روزا تۇتۇشنى نەزىر قىلغانلىقىنى(نەزىر قىلىش يەنى ئىبادەت ئىشلىرىدىن بىرنى قىلىشنى ئاللاھقا ۋەدە قىلىشتۇر) ئۇ روزىنى ئانىسىنىڭ ئورنىدا تۇتۇشنىڭ ھۆكمىنى سورىدى. رەسۇلۇللاھ ھەر ئىككى كىشىگە روزىنى تۇتۇشقا پەتىۋا بەردى. ئاندىن ئۇلارغا مىسال ئېلىپ چۈشەندۈردى، ئەگەردە ئۇلارنىڭ ئانىلىرىنىڭ ئۈستىدە قەرز بولسا ئۇنى ئىگىسىگە تولەيدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇلار شۇنداق قەرزنى قايتۇرىمىز دېدى. رەسۇلۇللاھ: خۇددى ئىنسانلارنىڭ قەرزى قايتۇرۇلغاندەك ئوخشاشلا ئاللاھ تائالانىڭ قەرزىنى قايتۇرۇش لازىم، دەپ جاۋاب بەردى

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee